تۈمەن چاقىرىملىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشتە خەلق تۇرمۇشى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

گۈلمىرە تۇرسۇن ئىشىككە يۆلىنىپ تۇرۇپ قوشنىسى بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتى، ئۇنىڭ كەينىدىكى ئۆيىنىڭ دېرىزىلىرى يورۇق، پاكىز ئىدى. «بۇ يەر ئىلگىرى كەپىلىك رايون بولۇپ، ئولتۇراق ئۆي ۋە دۇكانلارنىڭ كۆپىنچىسى چىتلاق ئۆي ئىدى، يوللار تار بولۇپ، ھەممىلا يەردە يۇندى ئېقىپ تۇراتتى، چىۋىن، پاشىلار ئۇچۇپ يۈرەتتى، ھازىرقى تۇرمۇش شارائىتىمىز نېمىدېگەن ياخشى - ھە، پاكىز تازىلىمىساق ئۆزىمىزگە يۈزكېلەلمەيمىز، بىزگە ياردەملىشىپ ئۆي سېلىپ بەرگەن بېيجىڭدىن كەلگەن نىشانلىق ياردەم بەرگۈچى كادىرلارغا تېخىمۇ يۈزكېلەلمەيمىز» دېدى ئۇ.

2015 - يىلىدىن بۇيان، بېيجىڭ شەھىرىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابى بېيجىڭنىڭ شەھەر پىلانلاش قاتارلىق ساھەلىرىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ، كەڭ كۆلەمدە چېقىش، كەڭ كۆلەمدە قۇرۇشتەك ئەنئەنىۋى شەھەر ئۆزگەرتىش ئەندىزىسىنى چۆرۈپ تاشلاپ، قاراقاش ناھىيەسىنىڭ كونا شەھەر رايونىدىكى ئۆيلەرگە قارىتا پۇختىلاپ ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ، ئۆيلەرنىڭ تاشقى ئۇسلۇبى ۋە رەڭگىنى بىرلىككە كەلتۈردى.

ئۆزگەرتىش لايىھەسىدە سۇ بىلەن تەمىنلەش، سۇ چىقىرىش، ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى، تەبىئىي گاز قاتارلىق ئۇل ئەسلىھەلەر مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ئاممىنىڭ ئولتۇراقلىشىش سۈپىتى ئۆستۈرۈلۈپلا قالماي، يەنە كوچا رايونىنىڭ تارىخىي قىياپىتىنى قوغداش بىلەن ساياھەت، يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىرلەشتۈرۈلۈپ، كونا شەھەر رايونىنىڭ يېڭى ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇتۇلدى.

تۇرالغۇ شارائىتى ياخشىلاندى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەر يەنە نامرات ئائىلىلەرنىڭ ھويلا - ئارانلىرىنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم بېرىپ، چارۋىچىلىق، باقمىچىلىق، مېۋە - كۆكتات تېرىقچىلىقى قاتارلىق خاس ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇردى.

پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ قىزىلبويى يېزىسى چولاق كەنتىدە، ئالدىدا ئۆيى، ئوتتۇرىدا بېغى، كەينىدە قوتىنى، ئەتراپىدا يەنە ئېتىزى بار بولغان ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش مەنزىرىسى كەنت ئاھالىسى روزى تۇردىغا ئىنتايىن بەخت ھېس قىلدۇردى. ئىلگىرىكى يىللارغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ ئائىلىسىدە يېڭىدىن نەچچە ئون قوي كۆپەيدى، تىككەن ئېنۇلاسمۇ ياخشى ئۆستى، كىرىمنىڭ ئېشىشىدا گەپ يوق. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇلارنىڭ ھەممىسى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى يولغا قويغان «دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغ - ئورمان، سۇ، ئولتۇراقلىشىش»تىن ئىبارەت ئالتە بىر گەۋدىلەشكەن ھويلا - ئاران ئىگىلىكى ئەندىزىسىنىڭ پايدىسىدىن كەلگەن.

بۇ ئەندىزە كېڭەيتىلگەندىن بۇيان، تولۇقلىما تارقىتىش ئارقىلىق نامرات دېھقانلارنىڭ ھويلا - ئارانلىرىنى ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولۇنۇپ، يېشىل ئېستېرىئولۇق ئايلانما چەمبىرەك بەرپا قىلىنىپ، دېھقانلارنىڭ ھويلا - ئاراندىن پايدىلىنىش نىسبىتى 30%كىمۇ يەتمەسلىكتىن 85%تىن يۇقىرى بولۇشقا ئۆستى.

ھەربىر تال خىش - كاھىش ئەل قەلبىنى ئىللىتتى. ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ سانلىق مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە، يېڭى بىر نۆۋەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى باشلانغاندىن بۇيان، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش مەبلىغىنىڭ قوللىشىدا ئەمەن ئۆيدىن جەمئىي 2 مىليون 300 مىڭ يۈرۈشتىن ئارتۇق، كۆچمەن چارۋىچىلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش ئۆيىدىن 120 مىڭ يۈرۈشتىن ئارتۇقى سېلىنغان ھەم ئەمەن ئۆي، ئولتۇراقلاشتۇرۇش ئۆيى قۇرۇلۇشىنىڭ سۇ، توك، يول، گاز قاتارلىق يانداش قۇرۇلۇشلىرى ماس قەدەمدە ياخشى ئىشلەنگەن.

■ گۈزەل يېزا - كەنت رەسىمى سىزىپ چىقىلدى

گۈزەل يېزا - كەنت بىر پارچە قانداق مەنزىرە؟

يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيەسى ئۇخاۋچۇ يېزىسى ئارۇنچۇ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى دولقۇن تۇرسۇننىڭ قارىشىچە، بۇ مەنزىرە دەل كەنتنىڭ ھازىرقى ھالىتى — كۆچۈپ كىردى، كەنتتە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مەيدانى، يېزا - كەنت چوڭ سەھنىسى ياسالدى، كەنت يوللىرىنىڭ ھەممىسى قاتتىقلاشتۇرۇلۇپلا قالماي، يەنە شەھەردىكىدەك كوچا نالىرى قويۇلدى؛ قۇياش ئېنېرگىيەلىك يول چىرىغى كېچىنى يورۇتتى، 50 مېتىردا بىردىن ئەخلەت ساندۇقى بار بولدى، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى خالىغانچە ئەخلەت تاشلىمايدىغان بولدى…

7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى دولقۇننىڭ مۇخبىرغا دېيىشىچە، كەنتنىڭ قىياپىتى گۈزەللىشىپتۇ، ساياھەتكە كېلىدىغانلار كۆپىيىپتۇ، ئۇ خوتۇنى بىلەن ئۈرۈپ - ئادەت باغچىسى ئېچىپ، يېزا - كەنت ساياھىتىنىڭ بېيىش ئاپتوموبىلىغا ئولتۇرغان بولۇپ، يېقىندا سودىسى بەكلا ياخشى بولۇۋېتىپتۇ.

ھالبۇكى ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا، ئارۇنچۇ كەنتى باشقىچە قىياپەتتە ئىدى: كونا ئۆيلەر كۆپ، مۇھىتى مەينەت، قالايمىقان، ناچار، ئەخلەتلەر شامالدا ئۇچۇپ يۈرەتتى.

بۈگۈنكى ۋە ئۆتمۈشتىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئارقىسىدا، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا نىشانلىق ياردەم بېرىپ يولغا قويغان 38 ئاساسىي قاتالام يېزا - كەنت مۇھىتىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرى بار.

يېزىلارنىڭ ئۇل ئەسلىھە ۋە ئاممىۋى مۇلازىمىتىنىڭ ئارقىدا قېلىشى شەھەر بىلەن يېزىلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ ئەڭ بىۋاسىتە ئىپادىسى، شۇنداقلا دېھقانلارنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان خەلق تۇرمۇشىدىكى ئاغرىش نۇقتىسى.

يېڭى بىر نۆۋەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى باشلانغاندىن بۇيان، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى، مەركەز كارخانىلىرى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلەر ئاساسىي قاتالامدىكى ئامما ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ بىۋاسىتە، ئەڭ ئەمەلىي مەنپەئەتكە چېتىلىدىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى چۆرىدەپ، يېزىلاردىكى ئىچىدىغان سۇ، يول، توك ئىشلىتىش قاتارلىق ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يېزىلارنىڭ مائارىپ، داۋالاش، سەھىيە، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە قاتارلىق ئاممىۋى مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، شەھەر، يېزىلارنىڭ پەرقىنى ئۈزلۈكسىز كىچىكلەتتى.

— لياۋنىڭ ئۆلكىسى تولى ناھىيەسىدىكى نامرات يېزا - كەنت ئۈچۈن سۇ بىلەن تەمىنلەش تۇرۇبا لىنىيەسى، كەنت يوللىرى ھەم ئىسسىق قوتان ۋە ھەمكارلىق كوپىراتىپى قاتارلىق ئەسلىھەلەرنى قۇرۇپ بەردى؛

— خېنەن ئۆلكىسى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 13 - شىسى ئۈچۈن ئاھالىلەر يولى، ئېلېكتر تورى، سۇ بىلەن تەمىنلەش - سۇ چىقىرىش، مەركەزلەشتۈرۈپ پار بىلەن تەمىنلەش ئەسلىھەلىرىنى قۇرۇپ بەردى.

……

بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭنىڭ كەڭ كەتكەن يېزىلىرىنى ئارىلىغاندا، يېزا - كەنتلەرنىڭ داۋالاش، مائارىپ ھەم ئاممىۋى مۇلازىمەت سەۋىيەسىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئۆسكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ، بۇ ئىنتايىن زور دەرىجىدە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىدىن كەلگەن. شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىدا، نۆۋەتتە شىنجاڭدىكى يېزا - بازارلىق شىپاخانىلار، كەنت داۋالاش ئۆيىنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ قۇرۇش نىسبىتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 89.59%، 89.97%كە يەتتى.

■ يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش دائىرىسى كېڭەيدى

7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، گۇما ناھىيەسى ئەنخۇي سانائەت باغچىسى ئىلگىرىكىدەكلا ئالدىراشچىلىققا تولغانىدى. گۇما ناھىيەسىنىڭ گۇما بازىرى توغرا ئېرىق كەنتىدىكى ئوراش - قاچىلاش ئىشچىسى ئابدۇللا مەمەتئىمىن بۈگۈنكى كۈندە كارخانىنىڭ ئىش ئورنى ماھىرىغا ئايلىنىپ، ھەر ئايدا 3500 يۈەن ئىش ھەققى ئېلىۋاتىدۇ. ئۇ تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن مۇنداق دېدى: «بۇلتۇر مەن خوتۇن، بالىلىرىمنى گۇما ناھىيە بازىرىغا ئەكىلىۋالدىم، ھازىر بالامنى ناھىيە بازىرىدىكى يەسلىگە ئاپىرىپ بەردىم. مەن زاۋۇتتا ياخشى ئىشلەپ، كۆپرەك پۇل تېپىپ، بىر مەزگىلدىن كېيىن يەنە كىچىك ئاپتوموبىل سېتىۋېلىشنى ئويلاۋاتىمەن…»

بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا، خېنبو يۇقىرى، يېڭى ماتېرىياللار (خېبېي) پاي چەكلىك شىركىتىگە ئىشقا ئورۇنلاشقان رۇقىيە ئابلەت شۇ يەرنىڭ تۇرمۇشىغا پۈتۈنلەي كۆنۈپ كەتكەندى. ئۇ تېلېفوندا مۇخبىرغا ئۆزىنىڭ ئازراق پۇل يىغىپ قويغانلىقىنى، يۇرتىدىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ئەنخۇيگە ئەكىلىپ ساياھەت قىلدۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

رۇقىيە خوتەن ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا كەسپىي تېخنىكا مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن. ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابى تەشكىللەپ يولغا قويغان «خوتەن گۇما ناھىيەسىدىكى مىڭ كىشىنىڭ ئەنخۇيگە بېرىپ ئىشلەش پىلانى»دىن مەنپەئەتلەنگەن بولۇپ، ئۇ مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن خېبېي شەھىرىدە پراكتىكا قىلدى ھەم شۇ يەردە ئىشقا ئورۇنلاشتى.

دېھقاندىن كەسپ ئىشچىسىغا ئايلىنىش، ئىچكىرىدىكى شەھەرلەرگە بېرىپ پراكتىكا قىلىش، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئابدۇللا ۋە رۇقىيەنىڭ تەقدىرىنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ ئارقىسىدا، ئەنخۇي ئۆلكىسى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ «كەسىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇش، ئىشقا ئورۇنلىشىش كەسىپنى ئىلگىرى سۈرۈش» تەپەككۇر يولى پەيدا قىلغان خىمىيەلىك رېئاكسىيە بار. خوتەن ۋىلايىتىدىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابى 65 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ گۇما ناھىيەسىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەشكە يېتەكچىلىك قىلىش مەبلىغى تەسىس قىلىپ، ئىگىلىك تىكلەش، ئىشقا ئورۇنلىشىشقا يېتەكلەش ۋە كەسپىي ماھارەت بويىچە مەشقلەندۈرۈشنى كۈچەيتىپ، يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشقانلارنىڭ «ئىشلەمچىلىك قىلىش»تىن «ماھارەتكە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرۈش»كە ئۆزگىرىشىنى ئىشقا ئاشۇردى ھەم 3111 كىشىنى يۆتكىلىپ ئەنخۇي ئۆلكىسىگە بېرىپ ئىشلەمچىلىك قىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تەشكىللىدى.

ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئاساسى. يېڭى بىر نۆۋەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى، مەركەز كارخانىلىرى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلەر ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئەڭ چوڭ خەلق تۇرمۇشىنى چىڭ تۇتتى، ياخشى تۇتتى ——

شاڭخەي شەھىرى «شاڭخەي - قەشقەر كەسپىي مائارىپ بويىچە نىشانلىق ياردەم بېرىش - يۆلەش ئومۇميۈزلۈك قاپلاش ھەرىكەت پىلانى»نى يولغا قويۇپ، «مەكتەپ + كارخانا + كەسىپ» ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، شۇ جايدىكى بوش قالغان ۋە بازار جىددىي ئېھتىياجلىق ئۇن كەسىپنى نۇقتىلىق بەرپا قىلدى؛

جياڭشى ئۆلكىسى «بىر يادرو كۆپ قۇتۇپ» شەكلىدىكى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتى ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، نەنچاڭ «جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ ئاقتۇ ناھىيەسىگە نىشانلىق ياردەم بېرىش ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتى» ھەم فۇجيەن، گۇاڭدۇڭ، جېجياڭ قاتارلىق شۆبە پونكىت قۇرۇلۇشى ۋە نەنچاڭ، جېجياڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ئەمگەك كۈچلىرىنى سىرتقا چىقىرىش ئەمەلىي مەشغۇلاتلىرىنىڭ بازىسى قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى؛

خۇبېي ئۆلكىسى بۇ ئۆلكىدىن 22 كەسپىي ئورۇن ئىش ئورنىنى، 160 دۆلەت كارخانىسى ئىش ئورنىنى توپلاپ، شىنجاڭغا ئىش ئورنى يەتكۈزۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

……

خەلق تۇرمۇشىدا ئەڭ مۇھىمى ھېسسىيات، تۈمەن چاقىرىملىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشتە خەلق ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلدى. يېڭى بىر نۆۋەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى باشلانغاندىن بۇيان، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى، مەركەز كارخانىلىرى، 19 ئۆلكە، شەھەردىن كەلگەن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش كۈچلىرى خۇددى باھار دولقۇنلىرىدەك تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىغا ئېقىپ كىرىپ، كىشىنى خۇشال قىلىدىغان ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى. بۇ مەيدان مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن تاغ - دەريالاردىن ھالقىغان قەلبداش بولۇپ قولنى قولغا تۇتۇشۇش جەزمەن ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش يولىدا ئەڭ گۈزەل ئىزنالارنى قالدۇرىدۇ.

مەنبەنى توغرا تېپىش   پەرقنى توغرا تېپىش

يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ كۆزىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش

(بېشى 1 - بەتتە)

تۈزىتىشنى توغرا نىشان بىلەن تەمىنلەپ، ئۆگىنىش - تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ كۆزىتىش، تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ قاراتمىلىقى ۋە ئۈنۈمدارلىقىنى ھەققىي كۈچەيتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشنى باشقۇرۇش نازارىتى مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ كۆزىتىشنى باش تېما تەربىيەسىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا باشتىن - ئاخىر سىڭدۈرۈپ، ئۆگەنگەچ تەتقىق قىلىش - مۇھاكىمە قىلىش، ئۆگەنگەچ قايتا ئويلىنىشتەك ئۆگىنىش ئۇسۇلىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۆگىنىش نەتىجىسى ئارقىلىق جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشنى باشقۇرۇش، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش - ئاپەت زىيىنىنى ئازايتىش، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىدىكى مەسىلە ۋە قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىپ، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشى، كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ئۆگىنىش، ياردەم بېرىش، يېتەكلەش رولىنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشى، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش - ئاپەت زىيىنىنى ئازايتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق تەرەپلەردىن چوڭقۇر تەكشۈرۈپ كۆزىتىپ، ئۆزىدە ساقلانغان كەمتۈكلۈكلەر ۋە پەرقلەرنى تېپىپ چىقتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە مەكتىپى (مەمۇرىيەت شۆيۈەنى) مەركەزلىك ئۆگىنىشنى تاماملىغاندىن كېيىن، رەھبەرلىك بەنزىسى ھەر ئايدا، پارتىيە ياچېيكىلىرى ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم مەركەزلىك تەتقىق قىلىش - مۇھاكىمە قىلىش، پىكىر ئالماشتۇرۇشنى قانات يايدۇرۇپ، ئاڭلىق ھالدا ئۆلچەمگە توغرىلاندى، ھەربىر پارتىيە ئەزاسى ئىدىيە، خىزمەت ئەمەلىيىتىگە باغلاپ، ئۈنۈم ئۈستىدە توختىلىپ، پەرقلەرنى تېپىپ، ئۆزىدە ساقلانغان يېتەرسىزلىكلەرنى ھەقىقەتەن ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ئاساستا تەكشۈرۈپ كۆزەتتى.

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى مەسىلىنى تۇتۇپ چوڭقۇر ئۆگىنىپ، «مەخسۇس تېمىدا ئۆگىنىش، مەخسۇس تېمىدا تەتقىق قىلىش - مۇھاكىمە قىلىش، مەركەزلىك باھا بېرىش»تە چىڭ تۇرۇپ، ئۆگەنگەچ قايتا ئويلىنىپ، 103 پىكىر - تەكلىپنى رەتلەپ يىغىنچاقلاپ، مەسىلە تىزىملىكى تۈزۈپ چىقىپ، مەسىلىنى قويۇۋەتمەستىن كۆزلەپ تۈزىتىشنى تۇتۇپ، ئۆگىنىشنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمىنى ئۆز خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە، ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان جانلىق ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇردى.

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى مەركەزلىك ئۆگىنىش داۋامىدا تەكشۈرۈپ كۆزىتىشكە توغرىلىنىپ، دىققەتنى ئىدىيەدىكى نېگىزلىك مەسىلىلەرنى، سىياسىي ئىقتىدار مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا مەركەزلەشتۈردى. سۆھبەتلىشىپ پىكىر ئالماشتۇرۇش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، سىردىشىش - سۆزلىشىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، بەنزە ۋە شەخسلەرنىڭ خىزمەت ئۇسلۇبى، خىزمەتكە تۈرتكە بولۇش جەھەتلەردە ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلىلىرىنى توغرا تېپىپ، مائارىپ ساھەسىنىڭ ئوقۇتۇش سىستېمىسى، ئوقۇتۇش ماتېرىيالى سىستېمىسى، باشقۇرۇش سىستېمىسى قاتارلىق جەھەتلەردە ساقلانغان ئاساسلىق مەسىلىلەرگە سىستېمىلىق تەپسىلىي قاراپ چىقتى.

■ دىققەتنى ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتكە مەركەزلەشتۈرۈپ، مەسىلىلەرنى تېپىش

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىگە سېلىشتۇرۇپ، پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسىگە سېلىشتۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا سېلىشتۇرۇپ، ئەسلى مەقسەت - بۇرچقا سېلىشتۇرۇپ، ئىسلاھات - تەرەققىيات ئېھتىياجىغا سېلىشتۇرۇپ، ئۆزىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى تېپىپ، خىزمەتتىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تېپىپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ كۆزەتتى، تەھلىل قىلدى… باش تېما تەربىيەسىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ كۆزىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇردى.

ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات - سودا ھەمكارلىق كوپىراتىپى بىرلەشمە كوپىراتىپى باش تېما تەربىيەسىدە مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ كۆزىتىش لايىھەسى تۈزۈپ، سىياسىي يۈكسەكلىك، ئاساسىي مەقسەت ئېڭى، ئىقتىدار - سەۋىيە قاتارلىق يەتتە جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تېپىپ، ئۆز سىستېمىسىدا يېقىنقى يىللاردا يۈزبەرگەن تىپىك دېلولارغا بىرلەشتۈرۈپ تەكشۈرۈپ كۆزەتتى، قايتا ئويلاندى، ئۇلار يەنە ئاپتونوم رايوندىكى كەسپىي توغرا كېلىدىغان تارماقلار، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى تەمىنات - سودا كوپىراتىپ (ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى)لىرى، بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ھەم ئورگاندىكى ھەرقايسى باشقارما، ئىشخانىلارغا پىكىر ئېلىش جەدۋىلى تارقىتىپ ھەم پىكىر ئېلىش ساندۇقى تەسىس قىلىپ، قىزىق لىنىيەلىك تېلېفون ئېچىپ، كۆتۈۋېلىش ئۆيى قاتارلىقلارنى تەسىس قىلىپ، كەڭ كۆلەمدە پىكىر - تەكلىپ ئالدى.

شىنجاڭ دۆلەت مۈلكى مەبلەغچىلىك تىجارەتچى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سۆھبەتلىشىش، زىيارەت قىلىپ سۆھبەتلىشىش، پىكىر قوبۇل قىلىش ساندۇقى تەسىس قىلىش، ئەرزىيەت قوبۇل قىلىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق، ھەرقايسى تارماقلار، قارمىقىدىكى كارخانىلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاممىسىنىڭ شىركەتنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى، پارتىيە ئەزالىرىدا ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرگە بولغان ئىنكاسى ھەم ئىستىلنى ياخشىلاش، خىزمەتنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى تولۇق ئاڭلىدى.

شىنجاڭ مەبلەغ سېلىش تەرەققىيات (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تىجارەت جەريانىدا ساقلانغان قىيىن مەسىلىلەرگە قارىتا، ئاساسىي قاتلامدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، پىكىر - تەكلىپلەرنى رەتلەپ، مەسىلە تىزىملىكى تۈزۈپ چىقىپ، نىشانغا توغرىلاپ، پائال ئالغا سىلجىتىپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. بالا شىركەتلەردىن سىرت، بۇ گۇرۇھ يەنە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى ئىككى ھەمكارلىق كارخانىلىرىغا ئۇزارتىپ، خېرىدارلارنىڭ مەھسۇلاتقا بولغان پىكىر - تەكلىپلىرىنى يىغدى، گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ كۆزىتىپ قايتا ئويلاندى، ھەقىقىي تۈردە ئۆگىنىش - تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ كۆزىتىش، تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى باش تېما تەربىيەسىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈردى، جەمئىي 64 تۈرلۈك تۈزىتىش ۋەزىپىسى تۈزۈپ، بىر - بىرلەپ ئالغا سىلجىتىپ ھەل قىلدى.

■ مەسىلىنى تەھلىل قىلىپ كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاش

7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىدىكى پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورت رايونى جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى يىغىلىش مەركىزىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى تۈرى ئىش مەيدانىغا كېلىپ، دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ مائاش كاپالەت پۇلى تۈزۈمىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى قاتارلىقلار بويىچە نەق مەيداندا ئېھتىياجىنى ئىگىلەپ، تۈزۈمنىڭ ئەمەلىيلىشىش داۋامىدا كۆرۈلگەن قىيىن مەسىلىلەرنى ئىگىلەپ، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك گەۋدىلىك مەسىلىلەر تىزىملىكىنى قاراتمىلىقى بار ھالدا تۈزۈپ چىقىپ، قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئەمەلىي تەدبىر، قاتتىق تەدبىر تېپىپ چىقتى.

مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ كۆزىتىشتە مۇھىمى مەسىلىنى تەھلىل قىلىش، مەسىلىنى ھەل قىلىش. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار مەسىلىنى تەكشۈرۈپ كۆزەتكەندە، يۇقىرى ئۆلچەم، قاتتىق تەلەپتە چىڭ تۇرۇپ، ئۆزىگە تەنقىد بىلەن قاراپ، ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتكە تەتبىقلاپ، خىزمەتكە تەتبىقلاپ، مەسىلىنى تېپىپ چىقىپ، تۈگۈننى تېپىپ چىقىپ، لايىھەنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەربىيە بىلەن ئەمەلىيەتكە تەڭ ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، بىۋاسىتە مەسىلىگە يۈزلىنىپ، مەسىلىنى ھەل قىلىش ئارقىلىق باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىسىنى تەكشۈردى.

7 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگە قەدەر، ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى ھەر تۈرلۈك پىكىر - تەكلىپتىن جەمئىي 128نى قوبۇل قىلدى، رەتلەش ئارقىلىق يەتتە تۈردىكى 43 پىكىر - تەكلىپنى رەتلەپ جەملەپ، بىرمۇبىر تەكشۈرۈپ كۆزىتىپ تەھلىل قىلىپ، تۈرگە ئايرىپ ئالغا سىلجىتىش پىلانى تۈزدى، تىزىملىك تۈزۈپ، مەسئۇلىيەتنى ئادەمگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۈگۈننى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، بېجىرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتتى، نىشان بەلگىلەپ جەڭ قىلىش، تۈزىتەلەيدىغانلىرىنى تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈشنى يولغا قويۇپ، بىرمۇبىر تۈزىتىشنىڭ دەل جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر ئىشلىرى نازارىتى ئورگان ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق كەسپىي ئورۇنلاردا پىكىر ئېلىش ساندۇقى تەسىس قىلىپ، سۆھبەتلىشىش، زىيارەت قىلىپ سۆھبەتلىشىش، ئەرزىيەت قوبۇل قىلىش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئارمىيەدىن دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلارنىڭ پىكىر - تەكلىپلىرىنى تولۇق ئاڭلىدى، مەسىلىنى ھەل قىلىش، خىزمەتنى ياخشىلاش ئۇسۇللىرىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلدى، تۈزەش تەدبىرلىرىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، تۈزىتىش مۇددىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تۈزەش نەتىجە - ئۈنۈمگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

مەسىلىنى تەكشۈرۈپ كۆزىتىشتە چوقۇم مەسىلىگە بىۋاسىتە يۈزلىنىش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

مەسىلىنى تەكشۈرۈپ كۆزىتىشتە چوقۇم مەسىلىگە بىۋاسىتە يۈزلىنىش كېرەك. مەسىلە كۈچەش نۇقتىسى ھەم بۆسۈش ئېغىزى. باش تېما تەربىيەسىدە پۇختا نەتىجە - ئۈنۈم ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، مەسىلىنىڭ نېمىلىكى، تۈگۈننىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى چوقۇم ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك، مەسىلىنى ھەقىقىي تېپىپ، يىلتىزىنى چوڭقۇر قېزىپ چىقالىغاندىلا، ئاندىن قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەمەلىي تەدبىرى، قاتتىق تەدبىرىنى تاپقىلى بولىدۇ.

«باشقىلاردىن مۇكەممەل ۋە نۇقسانسىز بولۇشنى تەلەپ قىلماسلىق، ئۆزىدىكى كەمچىلىكلەرنى بولسا قاتتىق تەكشۈرۈش.» تەكشۈرۈپ كۆزىتىش، قايتا ئويلىنىش، ئوقۇرىنى پەسەيتىپ ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىش، بۇ، بىزنىڭ خاتالىقنى بايقاش، تۈزىتىش، پارتىيەۋىلىكنى تاۋلاش ۋە كۈچەيتىشىمىزدىكى مۇھىم ئۇسۇل بولۇپ، بىزنىڭ پارتىيەمىزنىڭ ئۆزىنى ساپلاشتۇرۇش، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئۆزىنى يېڭىلاش، ئۆزىنى يۈكسەلدۈرۈشتىكى مۇھىم يولى. مەسىلىگە بىۋاسىتە يۈزلىنىپ، پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىپ، ئۆزىگە تەتبىقلاپ، ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتكە تەتبىقلاپ، خىزمەتكە تەتبىقلاپ، ئىنچىكە سېلىشتۇرۇپ چوڭقۇر تەكشۈرۈپ، دەرھال تەكشۈرۈپ دەرھال تۈزىتەلىگەندىلا، ئاندىن ئىدىيەدىكى چاڭ - توزانلارنى تازىلاپ، ھەرىكەتتىكى پەرقلەرنى تۈزىتىپ، كوممۇنىستلارنىڭ ئىلغار خىسلىتىنى مەڭگۈ ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ.

پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنىڭ ئەسلى مەقسىتىنى ئۇنتۇپ قالغان - قالمىغانلىقى، بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلىغان - ساقلىمىغانلىقىنى ئامما ئەڭ ئېنىق كۆرەلەيدۇ، ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئۆزى تېپىش، يۇقىرىدىكىلەر ئەسكەرتىش، ئامما ئوتتۇرىغا قويۇشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، «بار بولسا تۈزىتىش، يوق بولسا ساقلىنىش»تەك سەممىي كۆڭلى بىلەن، مۇرىنى مۇرىگە تىرەشنى يۈزتۇرا بولۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، كىرگۈزۈش بىلەن چىقىرىشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىرى، ئامما، مۇلازىمەت ئوبيېكتى قاتارلىق ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ پىكىر - تەكلىپلىرىنى چىن كۆڭلى بىلەن سەممىي ئاڭلاپ، چوڭقۇر سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈپ، ئەستايىدىل چوڭقۇر تەكشۈرۈپ كۆزىتىپ تەھلىل قىلغاندىلا، ئاندىن باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىشقا، ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

مەسىلىگە بىۋاسىتە يۈزلىنىپ، مەسىلىنى تەكشۈرۈپ كۆزىتىپ، پەرقلەرنى تېپىپ، تىرىشىش يۆنىلىشىنى ئايدىڭلىغاندىلا، ئاندىن باش تېما تەربىيەسىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرغىلى، ئاندىن خەلق ئاممىسى ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ ئەمەلىي مەنپەئەت مەسىلىسىنى ھەقىقىي ھەل قىلغىلى، ئاندىن يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا، ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.